# شىددەتلىك ئېقىندا مەزمۇت تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىزاھلاپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋرگە خاس نەتىجە يارىتىمەن» دېدى رامىلە رەجەپ.

**■ يېڭى مۇساپىدە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ يېڭى سەھىپە پۈتۈش**

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىكرو بىيولوگىيە ئەمەلىي تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى گۇ ۋېنچاۋنى ھەسسىلەپ ھاياجانغا سالدى.

گۇ ۋېنچاۋ ھەر يىلى ئاز دېگەندە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئېتىز - ئېرىق بېشىدا خىزمەت قىلىدۇ. «مەن پەن - تېخنىكا ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشقا نۇقتىلىق كۈچەپ، ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارغا نەپ يەتكۈزىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەمەتجان داۋۇت مۇنداق دېدى: «بىز ‹ياشلار چوڭ ئۆگىنىش› ھەرىكىتى ۋە باش تېمىلىق ئىتتىپاق، ئەترەت كۈنى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ياشلارنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيەگە ئەگىشىش ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، ياشلىق بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتىمىز».

**■ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ياشلىق باھارىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش**

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى قىسقىغىنا 70 يىلدا نامرات، ئاجىز، ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلىغان بىر دۆلەتنى ئىتتىپاق، بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن.» سانجى شۆيۈەنى خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى بۇخەلچەم مۇختەر مۇنداق دېدى: «مەن ئۆزۈمنىڭ كىشىلىك ھايات غايەمنى ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ كۈرىشىنى دەۋر دولقۇنىغا سىڭدۈرىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شارائىتى جاپالىق يېزىلارغا بېرىپ، يۇرتداشلار بىلەن بىللە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل يېڭى يېزا قۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ۋەتەننىڭ تەربىيەسىگە جاۋاب قايتۇرىمەن».

ئالىمجان ئادىل تارىم داشۆسى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ 4 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى، بۇ بىرنەچچە كۈندە، ئۇ تېلېۋىزور ۋە يان تېلېفون ئارقىلىق دۆلەت بايرىمىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتىنى كۆرۈپ، ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك قۇدرەتلىك كۈچىنى ھېس قىلىپ، غايە - ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. نۆۋەتتە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئىشقا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئۈچۈن جىددىي تەكرار قىلىۋاتىدۇ، «مەن ياشلىق باھارىمغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچۈمنى تەقدىم قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىزدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، فەن خۇڭبى، شيې خۇيبىن، مېھرىگۈل ناسىر، گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ لۈپىڭ يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە، جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزنى ھەم سىز ئارقىلىق چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى، چاۋشيەن ھۆكۈمىتى، چاۋشيەن خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 70 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چاۋشيەن يېڭى جۇڭگو بىلەن ئەڭ بۇرۇن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو - چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقى خەلقئارادىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش ۋە دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا مۇستەھكەملىنىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىلىرى مول بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتىمۇ مۇھىم، ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق قىممەتلىك بايلىقى. جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش باشتىن - ئاخىر جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس فاڭجېنى. مەن جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، يولداش كومىتېت باشلىقى بىلەن بولغان ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، مەن يولداش كومىتېت باشلىقى بىلەن بەش قېتىم ئۇچرىشىپ، بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇشنى ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئورتاق يېتەكلىدۇق. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاققىچە ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

جىن جېڭئېن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: چاۋشيەن - جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، مەن چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە چاۋشيەن خەلقىگە ۋاكالىتەن يولداش باش شۇجىنى ھەم يولداش باش شۇجى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئەڭ سەمىمىي تىلەك تىلەيمەن.

جىن جېڭئېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چاۋشيەن - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. 70 يىلدىن بۇيان، چاۋشيەن - جۇڭگو ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت خەلقى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇساپىسىدە باشتىن - ئاخىر ھايات - ماماتتا، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يىللارنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلۇغ چاۋشيەن - جۇڭگو دوستلۇق تارىخىنى پۈتتى. ھازىر، چاۋشيەن - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان مۇھىم ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويدى. چاۋشيەن - جۇڭگو دوستلۇقىدىن ئىبارەت بۇ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىگە قەتئىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەن ۋە چاۋشيەن پارتىيەسى، ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس مەيدانى. مەن يولداش باش شۇجى بىلەن چىڭ قول تۇتۇشۇپ، چاۋشيەن - جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بويىچە، دۇنيانىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان چاۋشيەن - جۇڭگو دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچى ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قەتئىي قوغداشنى، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداشنى خالايمەن.

# باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

كۈچەش، ئىنقىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈش ئاساسىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، سىياسەتتە ياردەم بېرىدىغانلارنى چۈشۈرۈپ قويۇش، يۆلەيدىغانلارنى چۈشۈرۈپ قويۇش، ئىجرا قىلىش جايىدا بولماسلىق، ئىجرا قىلىشتا پەرق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تېپىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىدە بىر تۈرنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا بىر ئائىلىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، خوتەن ۋىلايىتى «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى دەل جايىدا يولغا قويۇپ، كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. «باش تېما تەربىيەسىدە، بىز مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە ساقلانغان پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، تىرىشىپ ھەربىر نامرات ئائىلىنىڭ ھەممىسىدە بىردىن يېتەكچى كەسىپ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قېپقالغان نامرات ئاھالىنىڭ قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ خۇا.

باش تېما تەربىيەسىدە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى چەت، يىراق، تارقاق جايلاشقان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ ئىنقىلاش ۋە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، سۇ يەتكۈزۈش ئىسملىكىگە ئاساسەن، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلدى. بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، مۇتەخەسسىسلەرنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، بىر ئائىلىگە بىر لايىھە تۈزۈپ، 112 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچىنىڭ بىخەتەر سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلدى.

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تېپىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، تۈرمۇتۈر، ئائىلىمۇئائىلە، ئادەممۇئادەم بويىچە تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىق كەمتۈكلۈكلەرنى تىرىشىپ تولۇقلىدى.

ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قىزىلسۇ ئوبلاستى «چېگرا بويىدا پۈتۈن كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىش، يېزا - بازارلارنى بىرتۇتاش پىلانلاش، شەھەرگە كىرىپ مەركەزلىك ئولتۇراقلىشىش» ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئېتىبار سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەر ئۆزلىرىنىڭ مالىيە كۈچى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئائىلىلەرگە ئوتتۇرىچە 12 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى يۈرۈشلەشتۈرۈش ياردەم پۇلى بەردى. ئۆزى مەبلەغ توپلاش ئىقتىدارى يوق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى يولغا قويدى. «قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئىككى ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)دە 2018 - 2020 - يىللىغىچە يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىقلار بويىچە، نىشان - ۋەزىپىلەرنى دەرىجىمۇدەرىجە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئايرىپ چىقتى. بۇ يىل يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئاتۇش شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)نىڭ يېزىلىرىدا تۇرۇبا سۈيىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتكۈزۈلىدۇ.

**■ ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەشتىن قول سېلىپ، بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەش**

مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسى كۆكتىكەن كەنتى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات كەنت، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بىلەن بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاش، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ياخشى تۇتۇپ، باشلامچى بولۇپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۇنجى يەرنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش مەركىزىنى قۇردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتە ھاۋالىلىك باشقۇرۇلىدىغان يەر جەمئىي 1600 مودىن كۆپرەك بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى ئىشلەمچىلىك قىلىپ كىرىم قىلىش ۋە يەردىن كىرىم قىلىشتەك «قوش ھوسۇل ئېلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق ئون نەچچە تۈرنى قاپلىغان ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ يېتىلدۈرۈش بازىسىنى بەرپا قىلىپ، 101 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئالاقاغا بازىرى باغۆەن كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەشتىن قول سېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلار كەچلىك كۇرسى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە كوللېكتىپ مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى، ئىلھاملاندۇردى ھەم توقۇمىچىلىق قاتارلىق ماھارەت تەربىيەسى كۇرسى ئېچىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈردى.

«خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەشۋىق قىلىشى، تەربىيەلىشى ۋە يېتەكلەپ ياردەم بېرىشى بىلەن، ھازىر پۈتۈن كەنتتىكى ھەربىر ئائىلىدە ئاز دېگەندىمۇ بىردىن ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى بىلىدىغان ئادەم ۋە بېيىش كىچىك ماھىرى بار، ئىدىيەۋى قاراش ئۆزگەردى، كۆپچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بارغانسېرى يېتەرلىك بولۇۋاتىدۇ» دېدى باغۆەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەخەت قۇربان.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بۇ يىل 606 مىڭ 100 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 976 كەنتنى چىكىندۈرۈش، 12 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىۋاتىدۇ.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، شيا چىڭ، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن پەن يەنيۈن، قىزىلسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ كېشيا، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز نيۇ خەيبەن، ما مېي يازغان)**

# قاراقاشنىڭ بىر يېزىسىدىكى كەنتتىن بۇ يىل 16 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ياردىمىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە مەجبۇرىيەت مائارىپىدا تېخىمۇ چوڭ دائىرىلىك ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇملىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىدىكى باللار مەكتەپتە ئوقۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ياخشى مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېھقانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ، مائارىپقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

چوڭكۆل كەنتىدە كەنت بويىچە جەمئىي 277 ئائىلە بولۇپ، نۆۋەتتە 142 بالا يەسلىدە ئوقۇيدۇ، 161 بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، 34 بالا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئالتە بالا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. ئۇدا نەچچە يىل چوڭكۆل كەنتىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى بىردەك 100%نى ساقلىدى. يېقىنقى بەش يىلدا، چوڭكۆل كەنتىدىكى 12 بالا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت ئورنىغا چىقتى، ھازىر يەنە 23 بالا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

ئامىنە ئابلىز خەت تونۇمايدۇ، يان تېلېفوندا ئادەمنىڭ ئىسمىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ. بۇ يىل ئۇ ئۆزى يىغقان پۇل ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى غەملەپ بەرگەن ئوقۇش پۇلى بىلەن قىزىنى گۇاڭجوۋغا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا يولغا سالدى. 51 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئاتىكەم مەمتىمىن ھېساباتنى خاتا قىلىپ قويۇپ زىيان تارتقاچقا، ئۇ قىزىنى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇردى. بۇلتۇر قىزى گۈلنۇر روزىمەمتىمىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاراقاش ناھىيەسىدە بوغالتىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر ئايدا 5000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ تۇۋەت يېزىسى چوڭكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋېي فېڭ مۇنداق دېدى: چوڭكۆل كەنتىنىڭ بۇ يىل ياراتقان رېكورتى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. پەقەت داۋاملىق چىڭ تۇرغان ھەم ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، يەنە تېخىمۇ چىرايلىق گۈللەرنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىغا، تېخىمۇ مول مېۋە بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.